# لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقماسلىق كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئورتاق تەرەققىي قىلىش تەشەببۇسىنى شەرھلەپ چۈشەندۈردى. يىغىن مەيدانىدا، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئورتاق سادا قوزغىدى، جۇڭگو ئىدىيەسى لايىھەسى كەڭ قوللاشقا ئېرىشتى. يىغىن مەيدانى سىرتىدا، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ باشلىقلار يىغىنى دىپلوماتىيەسى پۈتۈن يەر شارىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، جۇڭگو - ئامېرىكا باشلىقلىرى ئۇچرىشىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى جامائەت پىكرى زىيارەت نەتىجىسىگە يۇكسەك باھا بېرىپ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەمكارلىقتا تۈرتكە بولۇش، ئىشەنچنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى، باشلىقلار يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇقىم كۆزلىمە قوشتى، دەپ قارىدى.

## بىرىنچى، كۆپ تەرەپچىللىكنىڭ كەڭ ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: ھازىر يەككە تەرەپچىللىك ۋە قوغدىچىلىق داۋاملىق يامراپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىشى، ھەمكارلىشىشىنى چىرىتىپ، خەلقئارا قائىدە - تەرتىپكە زەربە بېرىپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا يۇك بولۇپ قالدى. دۇنيا ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىشقا تېخىمۇ موھتاج. بۇ قېتىمقى زىيارەت مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ G20 باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىپ، كۆپ تەرەپچىللىك روھىدا چىڭ تۇرۇپ، سۆھبەت، مۇھاكىمىنى ھەمكارلىق، سىغدۇرۇشچان بولۇش، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىنسانلارنىڭ بېكىنمە ھالەتتىن ئېچىۋېتىشكە قاراپ مېڭىشى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان دەۋر ئېقىمى، ھەرقايسى دۆلەتلەر بۇرۇنلا بار - يوقنى تەڭ كۆرگەن، تەقدىرى ئۆزئارا باغلانغان. بىز مەۋقەنى ئورتاق مەنپەئەتكە قويۇپ، يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتنى كۆزلەپ، بىرمەھەل يىراقنى كۆرەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان تارىخىي خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. رەئىس شى جىنپىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى، جۇڭگو - رۇسىيە - ھىندىستان رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى، جۇڭگو - ئافرىقا رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى قاتارلىق «كىچىك كۆپ تەرەپلىك» پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان، خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قوغداپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان، قائىدىنى ئاساس قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ دېموكراتىيەلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا مۇراجىئەت قىلىپ، يىغىن مەيدانى ئىچى - سىرتىدا كەڭ ئاۋاز قوشۇشقا ئېرىشتى. رەئىس شى جىنپىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ، كەسكىن بولغانسېرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نوپۇزى ۋە رولىنى شۇنچە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. جۇڭگو، فرانسىيە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى G20 باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسى توغرىسىدا كىچىك دائىرىلىك يىغىن ئېچىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتنى ئارقىلىق پۈتۈن يەر شارىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش مۇساپىسىنى داۋاملىق قوللىدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، G20 دابەن باشلىقلار يىغىنىدا كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللايدىغان ئاساسىي ئېقىم ساداسى ياڭراپ، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇقىملىق ۋە ئاكتىپ كۈچ قوشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كۆپ تەرەپچىللىكنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش جۇڭگو بىر دۆلەتنىڭلا تاللىشى بولۇپ قالماي، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە قەلب ساداسىغا ئايلاندى. يوللۇقلار ياردەمگە ئېرىشىدۇ. جۇڭگو كۆپ تەرەپچىللىك توغرا يولىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخ، ئەخلاق ۋە ھەققانىيەتنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، خەلقئارادا تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ۋە قوللاشقا ئېرىشىۋاتىدۇ.

## ئىككىنچى، G20 ھەمكارلىقىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: دۇنيا ئىقتىسادى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان تۈت كوچا ئېغىزىدا، خەلقئارا سىستېما ئۆزگىرىۋاتقان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا، G20 نىڭ سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى داۋاملىق ئاشماقتا. رەئىس شى جىنپىڭ دەۋر تەرەققىيات تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، ئورتاق كەلگۈسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تۆتتە چىڭ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى: بىرىنچى، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قېزىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشتا: جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنىڭ ماھىيىتى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تەڭ پايدا ئېلىش، ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىلاپىدا ئاخىرقى ھېسابتا باراۋەر سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ھەر ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. زۇڭتۇڭ تىرامپ بۇنىڭغا قوشۇلدى، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىختىلاپنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگونىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىدىن يېڭىدىن تاموژنا بېجى قوشۇپ ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ ھاسىل قىلغان ئەڭ مۇھىم ئورتاق تونۇشى شۇكى، ئىككى تەرەپ ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىق، مۇقىملىقنى ئاساسىي رىتىم قىلغان جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشقا قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ باراۋەر ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىقتىساد - سودا كېڭىشىشىنى قايتا باشلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ مۇھىم ئورتاق تونۇشلار خەلقئارا جەمئىيەت ۋە پۈتۈن يەر شارى بازىرىغا ئاكتىپ ۋە ئىجابىي سىگنال تارقاتتى.

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: گەرچە جۇڭگو - ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئۇنداق ياكى مۇنداق زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلار ساقلانغان بولسىمۇ، بىراق بىزنىڭ شۇنىڭغا ئىشىنىشكە ئاساسىمىز باركى، ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بېكىتكەن پىرىنسىپ ئورتاق تونۇشى بويىچە، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆزئارا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىختىلاپنى كونترول قىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە ھازىر بار بولغان ھەم كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلسىلا، جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت ئېلىپ كېلىشتىن، دۇنيا خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئۈمىد بار.

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: رەئىس شى جىنپىڭ بۇ قېتىم دابەنگە بېرىپ، G20 باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشقاندا، ياپونىيە تەرەپنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. باش ۋەزىر ئەنبېي جىنسەن رەئىس شى جىنپىڭ يېتىپ بارغان كۈنى دەرھال سۆھبەت ئۆتكۈزۈدى ھەم قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۇيۇشتۇردى. ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا ئون نۇقتا بويىچە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى، جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ تۆت سىياسىي ھۆججەتتە بېكىتىلگەن تۈرلۈك پىرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، جۇڭگو - ياپونىيە «ئۆزئارا ھەمكارلىق ھەمراھى بولۇش، ئۆزئارا تەھدىت شەكىللەندۈرمەسلىك» سىياسىي ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى؛ يۇقىرى قاتلامدىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، مەنپەئەت يۈغۇرلۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ كارخانىلىرىنى ئادىل، كەمسىتىش بولمىغان، مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان تىجارەت - سودا مۇھىتى بىلەن تەمىنلەشنى؛ مەدەنىي سۆزلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەزگۈر مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئىجابىي ئىككى تەرەپلىك خەۋپسىزلىك مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى؛ قول تۇتۇشۇپ يەر شارىۋى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشقا ئورتاق كۈچ چىقىرىشنى تەكىتلىدى. بۇ ئورتاق تونۇشلار يۈنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى ئۈچۈن يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. رەئىس شى جىنپىڭ كورېيە زۇڭتۇڭى ۋېن زەيىين بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ۋەزىيىتى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى ھەم يېڭى ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. رەئىس شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون، گېرمانىيە زۇڭتۇڭى مېركېل بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككى تەرەپ، كۆپ تەرەپ رامكىسى ئىچىدىكى سۆھبەت ھەمكارلىقنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى پۈتۈشتى. رەئىس شى جىنپىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەر رەھبەرلىرى بىلەن بولغان ئىنتىپاقلىق، ھەمكارلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا، ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى جوكو بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئۇچراشتى. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى، جۇڭگو - رۇسىيە - ھىندىستان رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتناشقان مەزگىلدە، رەئىس شى جىنپىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد، سىياسىي بىخەتەرلىك، ئادەمىيەت ئالاقىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ساھەدىكى ھەمكارلىققا تەڭپۇڭ تۈرتكە بولۇپ، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىق ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەكلىكىنى؛ جۇڭگو - رۇسىيە - ھىندىستان ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىق مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، سۆھبەتلىشىش ئەمما قارشىلاشماسلىقتا، ھەمراھ بولۇش ئەمما ئىتتىپاق تۈزمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، چوڭ دۆلەتلەر ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان، ياخشى ھەمتۆرتكە بولىدىغان يېڭى يولنى يارىتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ھازىر ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى، چاۋشيەن يېرىم ئارىلى مەسىلىسى مۇھىم سەزگۈر تۈگۈندە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە ھەرقايسى تەرەپلەر كۆڭۈل بۆلۈپ مۇزاكىرە قىلىدىغان تېمىغا ئايلاندى. رەئىس شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەيدانىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئالاقىدار دۆلەتلەرنى سۆھبەتلىشىش، كېڭىشىشنى كۈچەيتىش، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقنى قوغداشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

## تۆتىنچى، جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى شەرھلەش

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي مۇقەررەرلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، توسقۇنلۇق ۋە غەيرىي شاۋقۇنلارنىڭ ئەگىشىپ كېلىشىدىنمۇ ساقلىنىش تەس. رەئىس شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىدە ئاشكارا سۆز قىلىش، سۆھبەتلىشىش، كۆرۈشۈش قاتارلىق مەيدانلاردىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىدىيەسى ۋە ھەمكارلىق تەشەببۇسىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يولىدا ياخشى مېڭىشقا، ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىشقا ئىشەنچىسى بارلىقىنى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ تاشقى دۇنيانىڭ جۇڭگونى چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى تەكىتلىدى. رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن ئايلىنىش ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ بازارنى ئېچىۋېتىش، ئىمپورتنى كېڭەيتىش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئەركىن سودىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە رايون ئىقتىسادىنىڭ بىرگەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشتىكى ئېنىق پوزىتسىيەسى ۋە ئەڭ يېڭى تەدبىرلىرىنى جاكارلاپ، جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. رەئىس شى جىنپىڭ G20 باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئالاقىدار قارارلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇش ئىدىيەسىنى تونۇشتۇرۇپ، قىزىقىدىغان بارلىق ھەمكارلىق ھەمراھلىرىنىڭ ئورتاق قاتنىشىشىنى قارشى ئالدى، 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنىڭ ئاكتىپ ئۈنۈم ئېففېكتىنى داۋاملىق زورايتتى. جۇڭگو يېڭىلىق يارىتىش ۋە رەقەملىك ئىقتىساد چوڭ دۆلىتىگە ئايلاندى، رەئىس شى جىنپىڭ خەلقئارا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، رايون چەكلىمىسى ۋە سۈنئىي توسۇقتىن ھالقىپ، يېڭىلىق يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەردىن تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە خەلقنى مەنپەئەتلەندۈرۈشنى تەكىتلىدى. بۇ تەشەببۇس، كۆز قاراشلار ئىشەنچكە تولغان، سەممىي، مەردانە، جاراڭلىق بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئۆز تەرەققىياتىنى دۇنيانىڭ ئورتاق تەرەققىياتى بىلەن ئۆزئارا بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك كەڭ قورساقلىقىنى نامايان قىلدى. ھەرقايسى تەرەپلەر جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ئومۇميۈزلۈك كۆرۈپ يەتتى، رەئىس شى جىنپىڭ جاكارلىغان يېڭى نۆۋەتلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىدە سەممىيەت بار، سالماق بار، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقى دەۋر ئېقىمىغا ماس، ئەلرايىغا ئۇيغۇن بولۇپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن يەر شارىنى ئورتاق ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكە بولغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا پۇرسىتىنى كېڭەيتىشتىكى چوڭ بازار ئىكەنلىكىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنى تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپ، تېخىمۇ زور پايدا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى، دەپ قارىدى.

ۋاڭ يى ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى سەپەردە كۆپ تەرەپلىك ۋە ئىككى تەرەپلىكنى بىرتۇتاش پىلانلىشى، چوڭ دۆلەت ۋە ئەتراپقا تەڭ ئېتىبار بېرىشى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى جۇڭگونىڭ ھەر تەرەپلىمە دىپلوماتىيەسىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى. بۇ يىل 6 - ئايدىن بۇيان، رەئىس شى جىنپىڭ ئۈدا تۆت قېتىم زىيارەتكە چىقىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىپلوماتىيە تارىخىدا رېكورت ياراتتى. بۇ تۆت قېتىملىق مۇھىم دىپلوماتىيە پائالىيىتى زىچ ئۇلانغان، ماس ئالغا سىلجىتىلغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا تەسىرىنىڭ يەنە ئېشىشى، دىپلوماتىيە ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ يەنە مۇكەممەللىشىشى، ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈش بوشلۇقىنىڭ يەنە كېڭىيىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. ھازىر دۇنيادا قالايمىقان ۋەزىيەت، ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەت ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ، ھەر خىل مۇقىمسىز، ئېنىقسىز ئامىللار يەنىلا يامراۋاتىدۇ، بىز شى جىنپىڭنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، سەگەكلىكنى ساقلاپ، ئىرادىنى ساقلاپ، تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، پائال يارامىلىق بولۇپ، جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىدە جاسارەت بىلەن يېڭى نەتىجە يارىتىشىمىز كېرەك.

# قانۇن بويىچە ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش قانۇنچىللىق روھىنى نامايان قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشقا پايدىلىق؛ كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاش بىرلەشتۈرۈلگەن جىنايى ئىشلار سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاھىدە كەچۈرۈمنىڭ دەۋەت قىلىش ئۈنۈم ئېففېكتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پاسسىپ ئامىلنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىناقلىق، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق؛ دۆلىتىمىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەدلىيە كاپالىتى سەۋىيەسىنى نامايان قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ ئوچۇق، دېموكراتىك، قانۇنچىل، مەدەنىي بولغان خەلقئارا ئوبرازىنى تىكلەشكە پايدىلىق.

دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئاساس خاراكتېرلىك، كاپالەت خاراكتېرلىك رولغا ئىگە. بۇ قېتىمقى ئالاھىدە كەچۈرۈمدە دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. توققۇز تۈرلۈك ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر ئىچىدە، بەزىلىرى مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا تۆھپە قوشقانلار، ئۇلارنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلغاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. بەزىلىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىلگىرى تۆھپە قوشقانلار، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن ئىلگىرى تۆھپە قوشقانلار، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننى قوغداش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىلگىرى تۆھپە قوشقانلار، ۋەھاكازالار، ئۇلارنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش بۇ قېتىمقى ئالاھىدە كەچۈرۈمنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزۈش، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايىتى ئۆتكۈزۈش، تېررورلۇق ھەرىكىتى جىنايىتى ئۆتكۈزۈش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئالاھىدە ئەھۋالدىكى جىنايەتچىلەرنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلماسلىقتا، ھازىرقى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ يەنىلا كەسكىن بولۇۋاتقان ۋەزىيىتى تولۇق ئويلىشىلغان، ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى قوغداش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئېھتىياجى تولۇق ئويلىشىلغان بولۇپ، روشەن قانۇنچىللىق روھى نامايان قىلىندى.

بۇ قېتىمقى ئالاھىدە كەچۈرۈمدە ياخشى سىياسىي ئۈنۈم، قانۇن ئۈنۈمى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەزمەن ئاكتىپ، ئېھتىياتچان بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى كۆزلەپ، ھەم ھازىرقى دۆلىتىمىزدىكى جىنايى ئىشلار جىنايىتى قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئويلىشىپ، تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش تەلىپى بويىچە ئالاھىدە كەچۈرۈم خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ جەزمەن ئادىل، ھەققانىي بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدە كەچۈرۈم ئوبيېكتلىرىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ سېلىشتۇرغىلى بولماسلىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئالاھىدە كەچۈرۈم شەرتىنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك؛ جەزمەن قانۇن بويىچە بېجىرىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەدلىيە مەھكىمىي ئورگانلىرى قاتارلىقلار ئالاھىدە كەچۈرۈم تەكلىپى بېرىپ، خەلق سوت مەھكىمىسى ئالاھىدە كەچۈرۈم دېلولىرىنى قاراپ چىقىپ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالاھىدە كەچۈرۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىپ، ھەربىر ھالقىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق بېجىرىش كېرەك؛ جەزمەن تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەرگە قارىتىلغان ئىدىيە، ئەخلاق، قانۇنچىللىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنىدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ رېئال ئىجتىمائىي خەۋپ خاراكتېرى بار - يوقلۇقىنى باھالاپ ھەم ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرگە قارىتا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى تەربىيە، باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئالاھىدە كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمىگەن جىنايەتچىلەرنىڭ خاتىرجەم ئۆزگىرىشى، ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە قايتقاندىن كېيىن قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئالاھىدە كەچۈرۈم تۈزۈمىنىڭ يەنە بىر قېتىم يولغا قويۇلۇشى قانۇنچىللىق بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك سىياسىتىنى ئوچۇق جاكارلاپ، يېڭى دەۋردىكى گۈللەنگەن ئۇلۇغ دۆلەت ئوبرازىنى تىكلىدى. بۇ قېتىمقى ئالاھىدە كەچۈرۈم مۇقەررەر ھالدا قانۇنچىللىقنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاش، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۇزاق كەلگۈسىگە پايدىلىق بولۇشتىكى كاپالەتلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانۇنچىللىق ئۇل تېشىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) 2019 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىنى پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز يۈ يەنيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) 2019 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىنى پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، پارتىيە مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، مەمۇرىيەت شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى جى جىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم كۇرسانتلارغا ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيەلىك رەھبەرىي كادىرلار پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى تايانچ بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەزمەن باش تېما تەربىيەسىدە ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. تىرىشىپ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى، ئاڭلىق ھالدا بۇ ئۇلۇغ ئىدىيەنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە، تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئەسلىي مەقسەتكە ئىنتىلىشنى مەڭگۈ ساقلىشى، مەسئۇلىيەت، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىشى كېرەك. تىرىشىپ تەمكىنلىك، ئىستىل، ئەخلاق جەھەتتە نەمۇنىچىلاردىن بولۇپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش، ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: كۇرسانتلار خىزمەت ئورنىغا قايتقاندىن كېيىن، ھەققىي تۈردە تەربىيەلىنىش نەتىجىسىنى ياخشى ئايلاندۇرۇپ، ياخشى قوللىنىپ، ئەمەلىيەتتە ياخشى كۆرسىتىپ، ئاڭلىق ھەرىكىتى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.